# ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، يېڭى باسقۇچتىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى

(بېشى 1 - بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك يەكۈنلەپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى چوڭقۇر شەرھلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ پۈتۈن ۋەزىيىتىنى چىقىش قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېزلىتىش توغرىسىدا مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، بۇ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدە مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۈچى ئارقىلىق يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشقا، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلىشى، دېھقانلارنىڭ باي - باياشات بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى بەلگە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش قىلىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كۆلىمى مىسلىسىز، سالمىقى ئەڭ زور، نەپ يەتكۈزۈلىدىغان نوپۇس ئەڭ كۆپ بولغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى تەشكىللەپ ئالغا سىلجىتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى باشلاپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلاردا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولدى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى، ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى ئۇدا ئالتە يىل 1 تىرىليون 300 مىليارد جىڭدىن يۇقىرى سەۋىيەدە مۇقىملاشتى، دېھقانلارنىڭ كىرىمى 2010 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك قاتلاندى، يېزىلاردا خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، يېزا - كەنتلەرنىڭ قىياپىتى يېپيېڭى تۈسكە كىردى. نامرات رايونلاردا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولۇپ، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان جۇڭخۇا مىللىتىنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇۋاتقان مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا مۇھىم، زور تۆھپە قوشۇلدى، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشقا پۇختا ئاساس سېلىندى.

«14 - بەش يىل» مەزگىلىدە، دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدۇ، دۇچ كېلىدىغان ئىچكى - تاشقى مۇھىتتا چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا قاراپ ئاتلىنىدىغان تارىخىي ئۆتكەلدە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىسى تاماملانغان ۋەزىيەتتە، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى دۇنيادا داۋاملىشىۋاتقان، ئۆزگىرىشنى كەسكىنلەشتۈرۈۋاتقان ئالاھىدە پەيتتە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى تېزلىتىش پۈتۈن پارتىيە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بىر مۇھىم، زور مەسىلە. پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلار شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى كېرەككى، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتە يېزا - كەنتلەرنى جەزمەن گۈللەندۈرۈش كېرەك. گەرچە «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى يەنىلا مۇستەھكەم ئەمەس، شەھەر - يېزىلارنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولماسلىق، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتى يېتەرلىك بولماسلىق يەنىلا جەمئىيىتىمىزدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى. تاشقى مۇھىتتا تېخىمۇ كۆپ مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق كۆرۈلدى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ئاساسىنى ياخشى ساقلاش — ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە تاقابىل تۇرۇش، يېڭى ۋەزىيەت ئېچىشتىكى «تۇراقلاشتۇرغۇچ». جەزمەن پارتىيەنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ يېزا خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش تەشكىلىي سىستېمىسى، تۈزۈم سىستېمىسى، خىزمەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ يېزا خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشقا، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلىشى، دېھقانلارنىڭ باي - باياشات بولۇشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

نەچچە ئون يىللىق، بولۇپمۇ يېقىنقى سەككىز يىللىق سىجىل كۆرەش قىلىش ئارقىلىق، بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە تاماملاپ، پۈتۈن دۇنيا يېڭىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان مۇھىم، زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۇق. ھازىر، بىزنىڭ بۇرچىمىز يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش، بۇ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك يۆتكىلىشى. يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىش - ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئۆتكۈنچى مەزگىلدە تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ سىلىق، مۇقىم ئۇلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن رايونلاردىكى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئاشلىق بىخەتەرلىكىدە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىدىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، ئەڭ قاتتىق بولغان تېرىلغۇ يەرنى قوغداش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 1 مىليارد 800 مىليون مو تېرىلغۇ يەر قىزىل سىزىقىنى قاتتىق ساقلاپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز بەرپا قىلىپ، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىدا ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئاشلىق تېرىيدىغان دېھقانلارغا تولۇقلىما بېرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېزا - كەنت كەسىپلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزىلارنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا - كەنت قۇرۇلۇشى ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، شەھەر - يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىدا ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، يېزا - كەنتلەرنى ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك.

كېلەر يىلى «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان يولغا قويۇلىدىغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلىنىدىغان بىرىنچى يىل، شۇنداقلا پارتىيەمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى. بارلىق خىزمەتلەرنى ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى چۆرىدەپ قانات يايدۇرۇش كېرەك. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۆرەش قىلايلى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇقىملىق پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ پۈتۈن زېھنى بىلەن قۇرۇلۇش قىلىش، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تەرەققىياتنى كۆزلەش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچلۈك بولدى. كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، بىز ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، پۇرسەتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، كىرىزىس ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەپ، يېڭى دەۋردىكى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىشىمىز كېرەك.

ئورۇنلاشتۇرما قىلىش بىر ئۆلۈش بولسا، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توققۇز ئۆلۈش بولىدۇ. يۇقۇمنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تاشقى مۇھىتتا ساقلانغان نۇرغۇن ئېنىقسىزلىققا قارىتا، كېلەر يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد خىزمىتى نىشان - ۋەزىپىلىرىنىڭ قانداق ئەمەلىيلىشىشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك بولۇش - بولماسلىقىغا باغلىق. ۋەزىيەت قانچە مۇرەككەپ، ۋەزىپە قانچە مۈشكۈل بولغانسېرى، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە شۇنچە چىڭ تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى پۈتۈن ۋەزىيەتنى تولۇق ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملىشى كېرەك. سىياسىي ئاڭنى كۈچەيتىپ، ئىقتىساد خىزمىتىنى سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىقتىساد ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك؛ ئىقتىدار، سەۋىيەنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى كەسپىيلىشىش ئىقتىدارى، ئىقتىساد چوڭ يۈزلىنىشىنى ئىگىلەش ئىقتىدارى، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، ئەڭ زور دەرىجىدە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتىكى سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ ھەقىقىي تۈردە ئىستىلنى ياخشىلاپ، ئەمەلىي ئىشلەش يۆنىلىشى تۇرغۇزۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، شەكىلۋازلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئەڭ زور دەرىجىدە ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، ھەقىقىي تۈردە زېھنىنى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشقا مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك؛ ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، تەشۋىقات خىزمىتىنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي كۆزلىمىنى ئۈنۈملۈك يېتەكلەش، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە پائال ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك.

ئومۇمەن ھەممە ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇقەررەركى كەسپىي قەدىرلەش، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشتىن بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىمۇ مۇقەررەركى كەسپىي قەدىرلىمەسلىكتىن بولىدۇ. كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ۋاقىت قىس، ۋەزىپە ئېغىر. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەقىقىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، تەلەپلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى، ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشتا ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى مەھكەم ئىگىلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئىلمىي تەقسىملەپ، تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەت ۋە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى كۆرگىلى بولىدىغان، تۇتقىلى بولىدىغان، مەشغۇلاتچانلىقى كۈچلۈك كونكرېت ھەرىكەت لايىھەسىگە ئايلاندۇرۇشى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنى سىجىل ياخشىلاشقا تۈرتكە بولىدىغان كونكرېت ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ دەيدىغان، پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىدىكى تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئورۇنداشقا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئاتلىنىپ، «14 - بەش يىل»نى ياخشى باشلاپ، ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋالايلى.

---

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# ھارارەتكە ئىگە سودىيە بولىمەن

## —— ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى پەيزۇللا ئۆمەرجان توغرىسىدا

ئەمگەكچىلەر ناخشىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۇڭ ۋېيگو
باينغولىن مۇخبىرلار پونكىتىدىن لى لىڭ

خىزمەتداشلىرىنىڭ نەزەرىدە، باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ 1 - كوللېگىيەسىنىڭ مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى، 4 - دەرىجىلىك يۇقىرى سودىيە پەيزۇللا ئۆمەرجان «ئۆچكە ئىگە» سودىيە: كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشتە سەۋرچان بولۇپ، چوڭقۇر بىلىم جۇغلانمىسىغا ئىگە؛ دېلو بېجىرىشتە ئىجتىھاتچان بولۇپ، يوللۇق، ھارارەتكە ئىگە؛ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، پرىنسىپچان بولۇپ، پاك - دۇرۇس، تەلەپچان بولۇشتا قاتتىقلىققا ئىگە.

«مەن ھارارەتكە ئىگە سودىيە بولۇپ، ئاممىغا تېخىمۇ كۆپ ياردەم بېرىمەن.» ئەمدىلا شەرەپ بىلەن «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن پەيزۇللا ئۆمەرجان خەلق سودىيەسى بولغاندىن بۇيان، ئۆزىگە ئىزچىل مۇشۇنداق تەلەپ قويۇپ كەلدى.

### كەسپىي بېرىلىپ تەتقىق قىلىشتا سەۋرچانلىققا ئىگە

2005 - يىلى، پەيزۇللا مەمۇرلۇق ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ باينغولىن ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە كىردى، ئەمما ئۇ دۆلەتلىك قانۇن كەسپىي سالاھىيەت ئىمتىھانىدىن تېخى ئۆتەلمىگەچكە، سوت قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنالمايتتى. تىرىشچان پەيزۇللا ئىمتىھاندىن چوقۇم تېز ئۆتۈشنى ئۆزىگە نىشان قىلدى.

«مېنىڭ ئوقۇغىنىم سودا - سانائەت باشقۇرۇش كەسپى ئىدى، داشۆنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن باشقا ئورۇنلاردا 11 يىل ئىشلىدىم، سودىيەلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، باشقىلاردىن كۆپرەك بەدەل تۆلىشىم كېرەك.» پەيزۇللا ئۆزىنىڭ كەسپتە چولتا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويدى.

پەيزۇللا ھەر كۈنى ئىككى سائەت بۇرۇن ئىدارىگە بېرىپ، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆزلۈكسىز ئۆگەندى، بۇنى ئىككى يىل داۋاملاشتۇردى. ئەجرىنىڭ تېگى ئالتۇن دېگەندەك، 2007 - يىلى پەيزۇللا ئەلا نەتىجە بىلەن قانۇن كەسپىي سالاھىيەت ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، خەلق سودىيەسى بولدى.

سودىيەلەر دېلو ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلىشتا قانۇن ماددىلىرىنى پىششىق بىلىپلا قالماي، يەنە دېلوغا ئالاقىدار كەسپىي بىلىملەرنىمۇ بىلىشى كېرەك. پەيزۇللا ھەق تەلەپ 1 - كوللېگىيەسىگە تەقسىم قىلىنىپ، ئاساسلىقى ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوتلاشقا مەسئۇل بولدى. ئىقتىسادىي ماجىرا، نەرسە ھوقۇقى ماجىراسى، قاتناش ۋەقەسى تۇغدۇرۇش... ھەربىر دېلونىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكى بار، ئالاقىدار كەسپىي بىلىملەرمۇ ئوخشىمايدۇ. سوت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، پەيزۇللا دېلونى قولغا ئالغاندىن باشلاپلا ئالاقىدار كەسپىي بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى، يەنە دائىم كەسپىي زاتلاردىن تەلىم ئالدى. ئۇزاق مەزگىللىك جۇغلانمىلار پەيزۇللانى قېلىن «قامۇس»قا ئايلاندۇردى، ئۇ سوت ئاچقان ۋە مۇرەسسە قىلغان نۇرغۇن دېلولاردا دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ قايىل بولدى.

2005 - يىلدىن ھازىرغىچە، پەيزۇللا تۈرلۈك دېلودىن 1300دىن كۆپرەكىنى قاراپ چىقىپ مۇرەسسە قىلدى، كېڭىشىشكە قاتناشقان دېلو ھەر يىلى 400دىن كەم بولمىدى. گەرچە دېلو بېجىرىش سانى ھەر يىلى ئېشىپ، دېلو ئەھۋاللىرىمۇ كۈنسېرى مۇرەككەپلىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دېلونى ئاخىرلاشتۇرۇش نىسبىتى باشتىن - ئاخىر 97% ئەتراپىدا بولدى.

### دېلو بېجىرىشتە ھارارەتكە ئىگە

پەيزۇللانىڭ خىزمەتتە بىر ئادىتى بار، ئۇ دائىم دەۋالاشقۇچىلارنىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ مەسىلىلەرنى ئويلىشىدۇ، دېلونى ئاخىرلاشتۇرۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈنىمۇ يىلتىزىدىن تۈگىتىدۇ.

2014 - يىلى، پەيزۇللا قىيىنلىق دەرىجىسى بار بىر دېلونى تاپشۇرۇۋالدى: دەۋالاشقۇچى ئىلگىرى بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، 25 يىل ئىلگىرى مەكتەپتە يىقىلىپ چۈشۈپ يارىلانغان، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىش ئۈستىدە يارىلىنىشنى باھالىتالمىغانىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، دەۋالاشقۇچىدا مېڭە يىگىلەش كۆرۈلگەن، ئىلگىرى - كېيىن كۆپ قېتىم دەۋادا يېڭىلىپ، توختىماي ئەرز قىلىشقا باشلىغانىدى، ئەڭ ئاخىر دېلو پەيزۇللانىڭ ئالدىغا كەلدى.

پەيزۇللا دېلونى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن شۇنى بايقىدىكى، ئەگەر سوت تەرتىپى بويىچە بولغاندا دەۋالاشقۇچى يەنىلا دەۋادا يېڭىلىپ، ھېچقانداق تۆلەم ئالالمايتتى. دېلونى مۇشۇنداق بېجىرىشكە بولاتتى، ئەمما دەۋالاشقۇچىنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈن يېشىلمەيتتى، مەسىلە ھەل بولمايتتى. پەيزۇللا ئالاقىدار ئىككى تەرەپنى مۇرەسسە قىلىشنى قارار قىلدى.

تەكشۈرۈپ ئىسپات ئېلىش، زىيارەت قىلىش، مۇرەسسە قىلىش... پەيزۇللانىڭ تىرىشچانلىقىدا دېلو ئوڭۇشلۇق مۇرەسسە قىلىنىپ، يارىلانغان ئوقۇتقۇچى تۆلەم تولۇقلىمىسىغا ئېرىشتى.

پەيزۇللا بېجىرگەن بۇنداق دېلولار يەنە ناھايىتى كۆپ. ئۇ ھەربىر دەۋالاشقۇچىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش بىلەن بىللە، جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەرنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلدى.

### پاك - دۇرۇس بولۇشتا قاتتىقلىققا ئىگە

«مېنى مېھمان قىلامسىز؟ كىملەر بار؟ ئاۋۋال دېيىشىۋالايلى، پۇلنى تەڭ چىقىرايلى، ھاراق ئىچمەيلى، بولمىسا بارالمايمەن.» 12 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، پەيزۇللا ساۋاقدىشى ئەخمەت قاسىمدىن كەلگەن تېلېفوننى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا پاراڭلاشماقچى بولدى.

ئەخمەت مۇنداق دېدى: ساۋاقداشلىرىم، دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى پەيزۇللانىڭ «غەلىتە» مىجەزىنى بىلىدۇ، ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلماقچى بولساق ئالدىن كېلىشىپلا قالماي، يەنە كىملەرنىڭ بارلىقىنى ئەينەن چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك.

پەيزۇللا پاك - دۇرۇس بولۇشنىڭ بىر سودىيەگە نىسبەتەن مۇھىملىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. قانۇن خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بىرىنچى كۈندىن باشلاپ، ئۇ ئۆزىگە «تۆتنى قىلماسلىق» «ئۈچ چوڭ پرىنسىپ»نى بېكىتتى: ھوقۇقلۇق قىلماسلىق، شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەسلىك، نەپسى يامانلىق قىلماسلىق، كۆڭۈلچەكلىك قىلماسلىق؛ بىرىنچىدىن، ھوقۇق ۋە كۈچنىڭ بېسىمىدىن قورقماسلىق، ئىككىنچىدىن، شەخسىي ھېسسىياتنى ئارىلاشتۇرماسلىق، ئۈچىنچىدىن، پۇلنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىنىش.

15 يىلدىن بۇيان، بەزىلەر مۇناسىۋەتكە تايىنىپ پۇل، نەرسە - كېرەك سوۋغا قىلدى، يەنە بەزىلەر باھانە تېپىپ پەيزۇللا بىلەن تونۇشماقچى بولدى، لېكىن ئاخىردا ئۇ ھەممىنى رەت قىلدى.

دېلو تۇرغۇزۇش كوللېگىيەسىنىڭ خىزمەتچىسى، ھەق تەلەپ 1 - كوللېگىيەسىنىڭ سودىيەسى، ھەق تەلەپ 1 - كوللېگىيەسىنىڭ مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى، تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغانغا قەدەر پەيزۇللا ھەربىر قەدەمنى پۇختا بېسىپ ئۆسۈپ يېتىلدى، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىمۇ كۆپچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، كۆپ قېتىم مۇكاپاتلاندى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ باينغولىن ئوبلاستى بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» «مۇنەۋۋەر سودىيە» «دېلو بېجىرىش ئۈلگىسى» بولۇپ باھالاندى، ئۇ يازغان ھۆكۈم - كېسىم ھۆججەتلىرى ئىككى قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ «مۇنەۋۋەر سوت ماتېرىيالى» ۋە «مۇنەۋۋەر ھۆكۈم - كېسىم ھۆججەتلىرى مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.